ئىرادىدىن سىپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

«ئالدىنى ئېلىش»نى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش  تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭ قىلىش

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قاتناش تارماقلىرى يۇقۇمنىڭ كىرىش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لۇ فېڭباۋ، ما يىنىڭ، سۈي يۈنيەن** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىنقى نەچچە كۈندە، شىنجاڭدىكى تاشيول، تۆمۈريول، پۇقرالار ئاۋىياتسىيەسى قاتارلىق تارماقلار قايتقان يولۇچىلار ئېقىمىنى ئارقا - ئارقىدىن كۈتۈۋالدى، يۇقۇمنىڭ كىرىش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قاتناش تارماقلىرى ئايروپورت، ۋوگزال قاتارلىق قاتناش تۈگۈنلىرىدە كىشىلەرنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش، ئاپتوموبىللارنى دېزىنفېكسىيەلەش، تىرانسپورتنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى نۇقتىلىق قانات يايدۇرۇپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۈرۈمچى ۋوگزالىدا، يولۇچىلار تەرتىپلىك ئۆچىرەتتە تۇرۇپ بىكەتكە كىرىپ - چىقىۋاتاتتى، خىزمەتچى خادىملار مۇداپىئە كىيىمى كىيىپ، قولدا بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئەسۋابىنى تۇتۇپ، ۋوگزالغا كىرىپ - چىقىۋاتقان يولۇچىلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى بىر - بىرلەپ ئۆلچەپ، قىزىش، قىزىتما قاتارلىق ئالامەتلەر يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن ئاندىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى، ئۈرۈمچى ۋوگزالىدا خىزمەتچى خادىملارنىڭ پويىز كۈتۈش زالىدىكى يولۇچىلار ئورۇندۇقى، لىفت تۇتقۇچى، ئاپتوماتىك بېلەت سېتىۋېلىش - ئېلىش ئۈسكۈنىسى، ئاپتوماتىك مال سېتىش ئۈسكۈنىسى قاتارلىقلارنى پات - پات دېزىنفېكسىيە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى.

چاغانلىق دەم ئېلىش ئاخىرلاشتى، پويىزغا ئولتۇرۇپ قايتىدىغان يولۇچىلار ئېقىمى كۆپەيدى، بۇنىڭدىن بۇرۇنقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئاساسىدا، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى تۆمۈريول ئورۇنلىرى ۋوگزال، ۋاگون، ئۈسكۈنىلەرنى دېزىنفېكسىيەلەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلىدى، ھەرقايسى ۋوگزال، پويىزلاردا تازىلاش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ۋە ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك دېزىنفېكسىيەلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ۋوگزالغا كىرىش - چىقىش، پويىزنىڭ يۈرۈش جەريانىدىكى ھەربىر ھالقىنى كۆزىتىشنى كۈچەيتتى، يولۇچىلار ۋوگزالغا كىرىپ - چىققاندا جەزمەن بىر دەك بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، پويىزدىكى يولۇچىلارنىڭ ئېقىش يۆنىلىشىنى تىزىملاش قاتارلىقلارنى ياخشى ئىشلەپ، ۋوگزال، پويىزلاردىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، يولۇچىلارنىڭ بىخەتەر سەپەرگە چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتى ئاۋىياتسىيە بىناسى ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى ۋە ئىشخانا بىناسى ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا، مۇخبىر خىزمەتچى خادىملارنىڭ مەيدانغا كىرگەن بارلىق ئاپتوموبىللارنى دېزىنفېكسىيە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئاۋىياتسىيە بىناسى ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانىغا بەش ئاپتوماتىك دېزىنفېكسىيەلەش رايونى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، دېزىنفېكسىيەلەش سۇيۇقلۇقى، دېزىنفېكسىيەلەش پۈركۈمىسى، لۆڭگە قاتارلىق دېزىنفېكسىيەلەش ئەسۋابلىرى يولۇچىلارنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن قويۇلغاندى.

شىنجاڭ ئايروپورت گۇرۇھى ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورت شۆبە شىركىتى جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزىنىڭ مۇدىرى لى گوچىڭ مۇنداق دېدى: ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتىغا توققۇز بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈش ئېغىزى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئايروپورتتىن كىرىپ - چىققان ھەربىر يولۇچىنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشكە مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئەگەر بىنورمال ئەھۋال بايقالسا، ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. ئايروپىلان گۇرۇپپىسىنىڭ گۇمانىي ياكى قىزىپ قالغان يولۇچىلار دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، تېببىي خادىملار ئايروپىلانغا چىققاندىن كېيىن رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى ياخشى ئىشلەپ، بالدۇر بايقاپ، بالدۇر دوكلات قىلىدۇ ھەم ئايروپىلان سۈپىسىدا مەخسۇس ئايرىۋېتىلگەنلەر ئايروپىلان كۈتۈش بىناسى ئاجرىتىپ ۋاقىتىنچە تۇرۇش ئورنى قىلىدۇ.

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشيول تىرانسپورتى قايتىش يۇقىرى دولقۇنىغا كىردى، مۆلچەرلىنىشىچە، قايتىش مەزگىلىدە بېسىم بىر قەدەر چوڭ بولغان يول بۆلەكلىرى ئاساسلىقى قومۇل، تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق نۇقتىلىق رايونلار ھەمدە شىڭشىڭشيا، يېڭىمبۇلاق قاتارلىق شىنجاڭغا كىرىدىغان ئاساسلىق يول ئېغىزلىرىغا مەركەزلىشىدىكەن.

مۇخبىرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - تىرانسپورت نازارىتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىدىن ئىگىلىشىچە، ھازىر پۈتۈن شىنجاڭدىكى يول ئاسراش ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ۋە يول مەمۇرىيىتى خادىملىرى ۋاقتىدا يولغا چىقىپ چارلاپ، قار - مۇزلارنى تازىلاپ، تاشيولنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان؛ قاتناش - تىرانسپورت تارماقلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يول تورىدىكى قاتناشنى كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ئاپتوموبىل ئاستا ئۆتىدىغان بەزى ھەق ئېلىش پونكىتلىرىنى تولۇق تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش نۆۋەتچىلىك كۈچىنى تولۇقلاپ، ئەھۋالغا قاراپ جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى قوللىنىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش باشقۇرۇش قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ئاپتوموبىللارنىڭ ئۆتۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگەن ھەم تاشيول مۇلازىمەت رايونىدا 24 سائەت ئىسسىق سۇ ۋە مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلىگەن.

ھازىر پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى قاتناش ساقچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىش ئورنىدا بولۇپ، ساقچى كۈچى، ئاپتوموبىل، جابدۇقلارنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە يولغا سېلىپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك يول، دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى، شەھەر رايونى يولى قاتارلىق مۇھىم كىرىش - چىقىش ئېغىزلىرىنىڭ قاتناش باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن ماسلاشتى.

# «بىز ساق - سالامەت، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار»

—— ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياشانغانلار پاراۋانلىق ساناتورىيەسىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى زىيارەت

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى لىن**

ياشانغانلارنىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇپ، يۇقۇملۇق كېسەللەر ئاسان يۇقىدىغان كىشىلەر توپى ۋە ئاسان يۇقۇملىنىدىغان خەتەرلىك كىشىلەر توپى ھېسابلىنىدۇ. يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپلىگەن كۈتۈنۈش ئاپپاراتلىرى «يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىش» ئەندىزىسىنى يولغا قويۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بويىچە جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش دەسلەپكى لايىھەسىنى تۈزۈپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ياشانغانلارنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغدىدى.

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مۇخبىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ خىزمەتچى خادىمىغا ئەگىشىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياشانغانلار پاراۋانلىق ساناتورىيەسىگە كەلدى. ساناتورىيەگە كىرىشتە تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئۆيى بىرىنچى ئۆتكەل بولۇپ، خىزمەتچى خادىملار كىرمەكچى بولغان ھەربىر ئادەمنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسى نورمال بولغانلارغا بىر قېتىملىق ئاياغ قېپى تارقىتىپ، ئاندىن كۆزىتىش ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ يېرىم سائەت كۆزىتىدىكەن.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياشانغانلار پاراۋانلىق ساناتورىيەسىنىڭ ساناتورىيە باشلىقى ما مىڭلى مۇنداق تونۇشتۇردى: 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن باشلاپ، پۈتۈن ساناتورىيەدە يېپىق شەكىلدىكى باشقۇرۇشنى يولغا قويدۇق: سىرتتىن كەلگەنلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ، ياشانغانلار ساناتورىيەدىن سىرتقا چىقمايدۇ، يېڭىدىن كىرىدىغان ياشانغانلار قوبۇل قىلىنمايدۇ؛ بارلىق ئاپتوموبىللارنىڭ كىرىشىگە بولمايدۇ، ساناتورىيە سىرتىدىكى بەلگىلەنگەن ئورۇندا توختىتىلىدۇ، ساناتورىيەگە كىرىشى زۆرۈر بولغان ئاپتوموبىللار ساناتورىيەگە كىرىشتىن بۇرۇن قاتتىق دېزىنفېكسىيە قىلىنىدۇ، شوپۇرلار ۋە ئاپتوموبىلغا ئولتۇرغانلار ماسكا تاقايدۇ، ساناتورىيەگە كىرىشتە بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ھەم تىزىملىغا ئالدۇرۇش ياخشى ئىشلىنىدۇ.

كۆزىتىشتە غەيرىي ئەھۋال كۆرۈلمىگەندىن كېيىن، مۇخبىر خىزمەتچى خادىملارغا ئەگىشىپ ياشانغانلار تۇرىدىغان رايونغا كىردى. بىنانىڭ ئىچى باھاردەك ئىللىق، دېرىزىلەر يورۇق، پاكىز ئىدى.

ياشانغانلارنىڭ بۇرۇن شىللىق پەردىسىنىڭ غىدىقلىنىشقا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كارىدور قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلار ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم دېزىنفېكسىيە قىلىنىدىكەن، ئىككى قېتىم ھۆل تۇبادا سۈرتۈلىدىكەن، ياشانغانلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچى بىر كۈندە ئىككى قېتىم دېزىنفېكسىيە قىلىنىدىكەن، ئىككى قېتىم دېرىزە ئېچىۋېتىلىپ ھاۋاسى ئالماشتۇرۇلىدىكەن.

2 - قەۋەتتە تۇرىدىغانلار بىمالال ھەرىكەت قىلالايدىغان ياشانغانلار بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ پائالىيىتى ئۆزى يالغۇز ئۆي ئىچىدە ھەرىكەت قىلىشقا ئۆزگەرتىلىپتۇ. 87 ياشلىق ليۇ مىنخۇا تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقاندى، «خىزمەتچى خادىملار كۈندە دېزىنفېكسىيە قىلىدۇ، ئەتىگەندىلا كېلىپ بەدەن تېمپېراتۇرامنى ئۆلچەيدۇ، بىر كۈندە ئۈچ قېتىم ئۆلچەيدۇ، يەنە ماڭا شەخسىي تازىلىققا دىققەت قىلىشىمنى، تاماقتىن بۇرۇن، ھاجەتتىن كېيىن قول يۇيۇشۇمنى تاپىلايدۇ، كۈندە بىز ئۈچۈن دېرىزىنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ.» ليۇ مىنخۇا مۇنداق دېدى: «بۇ مەزگىلدە ساناتورىيەگە مەھەللە خىزمەتچىلىرىمۇ دائىم كېلىپ بىز بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇۋاتىدۇ، تۇرمۇشتا ئازراقمۇ زېرىكىشلىك ھېس قىلمىدۇق».

«بىز بۇ يەردە ياخشى يەۋاتىمىز، سالامەتلىكىمىزمۇ ياخشى، تۇرمۇشىمىز ناھايىتى خاتىرجەم، كۆپچىلىك خاتىرجەم بولۇڭلار.» 86 ياشلىق لى رۇيلەننىڭ تېلېفوندا مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، چاغاننىڭ ئالدىدا ئوغلى ئۇنى چاغان ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆيىگە ئېلىپ كەتكەن، 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن قايتىپ كېلىپلا ساناتورىيەنىڭ ئايرىش رايونىدا تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. موماي مۇنداق دېدى: تېببىي خادىملار ھەر كۈنى كېلىپ سالامەتلىكىمنى تەكشۈرىدۇ، يەنە بۇ مەزگىلدە ئۆيدىكىلەر بىلەن سىن، تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلىشىش تەكلىپىنى بەردى. موماي يەنە ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفوننى چىقىرىپ، ئوغلى بىلەن سىنلىق سۆزلەشتى.

ئىگىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تارقاتقاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلار شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بېقىش، ھاۋالىلىك بېقىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان ياشانغانلار، بالىلار، روھىي ساغلاملىق قاتارلىق پاراۋانلىق ئاپپاراتلىرىدا يېپىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتقان.

(بېشى 1 - بەتتە)

«خىزمەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھەربىر ئادەمنىڭ ئىچىگە كىيگەن كىيىملىرىنىڭ ھەممىسى ھۆل بولۇپ كېتىدۇ» دېدى داۋالاش ئەترىتىدىكى سېستىرا سەي رۇڭ. مۇخبىر سائەت 21دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە سەي رۇڭغا تېلېفون قىلدى، سائەت 8دە ئىش ئورنىغا چىققان ئۇ ئەمدىلا خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، تۇرۇۋاتقان جايغا قايتىدىغان ئاپتوبۇستا ئىدى. 43 ياشلىق سەي رۇڭ كەچلىك ئىسمېنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان بولۇپ، ئۇ باشقا سېسترالارنىڭ خىزمىتىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈشتىن بۇرۇن بارلىق ئاغرىقلارغا قالدۇرما ئوكۇل يىڭنىسى سانجىپ قوياتتى.

«راستىنى دېسەم، مەن ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندە ناھايىتى ھارغىنلىق ھېس قىلىمەن، تاماقمۇ يېگۈم كەلمەيدۇ، بىر ئىستاكان قايناق سۇلا ئىچىمەن. ھېلىمۇ ياخشى تۇرۇشلۇق جايىمىزدا، داۋالاش ئەترىتى بىزگە توك ئەديال ئېلىپ بەردى، يوتقانغا كىرسەك ئىسسىق، ئۆيدىكىلەر بىلەن تېلېفونلىشىپ، تىنچ - ئامانلىقىمىزنى يەتكۈزدىمىز...» سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، سەي رۇڭ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئەمدى ئۇ جەزمەن دەرھال ئۇخلاپ، جىسمانىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئۇ ئىككىنچى كۈنى سەھەر سائەت 6دە ئورنىدىن تۇرۇپ، سائەت 8دە خىزمىتىنى باشلىشى كېرەك.

بۇ ئىككى كۈنلۈك خىزمەت داۋامىدا تېببىي خادىملارنىڭ چېچىنىڭ بۆك ۋە مۇداپىئە كىيىمى بىلەن چىڭ ئورالمىغانلىقى بايقالدى، ئۆزىنى ياخشى مۇداپىئە قىلىش ۋە باشقىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، داۋالاش ئەترىتىدىكى نۇرغۇن ئايال تېببىي خادىم چىرايلىق ئۇزۇن چاچلىرىنى كېسىۋەتتى.

داۋالاش ئەترىتى ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسى بۇ بىر نەچچە كۈندە 32 پارچە پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى تاپشۇرۇۋالدى... خۋاڭ لياڭ چوڭقۇر ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «تېببىي خادىملار ئوخشاش بولمىغان دوختۇرخانىلاردىن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىرادىسى ئىنتايىن قەتئىي، پۈتۈنلەي ‹شىنجاڭلىق ئوغۇل بالا› دەپ ئاتاشقا ئەرزىيدۇ».

2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سائەت 8گىچە، بۇ دوختۇرخانا ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان جەمئىي 252 يۇقۇملانغان ئاغرىقنى قوبۇل قىلىپ داۋالىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 30ى ئېغىر ئاغرىق، 17سى خەتەرلىك ئېغىر ئاغرىق بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى پۈتۈن كۈچ بىلەن داۋالاپ قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

«جەڭچىلەرنى جەڭ مەيدانىغا ئوقسىز ئەۋەتىشكە بولمايدۇ.» خۋاڭ لياڭ مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە ۋۇخەننىڭ ئۆزىدە مۇداپىئە ماددىي ئەشيالىرى كەمچىل بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى پائال غەملىدى، توپلىدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى، نۆۋەتتە ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن تۈرلۈك مۇداپىئە ماددىي ئەشيالىرىنى تاپشۇرۇۋالدى.

شۇ كۈنى داۋالاش ئەترىتىدىكى دوختۇر يۈەن لىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى، 24 سائەت نۆۋەتچىلىك قىلىپ تۇرۇۋاتقان جايغا قايتىپ كەلگەن ئۇ، ئىشىكتىن كىرىپلا كۆپچىلىك تەييارلىغان تۇغۇلغان كۈن تورتى ۋە ئۈستىگە ئالتۇن سېرىق رەڭلىك تۇخۇم پوشكىلى سېلىنغان بىر قاچا ئۇزاق ئۆمۈر ئېشىنى كۆردى، يەنە سەپداشلىرىنىڭ بەخت تىلەشلىرىنى تاپشۇرۇۋالدى.

پەقەت ئالدىنقى سەپتىكىلەرلا بەخت تىلەپ قالماي، 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئەتىگەندىلا، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 5 - دوختۇرخانىنىڭ ئىچكى ئاجراتما كېسەللىرى بۆلۈمىدىكى خىزمەتداشلىرى تورپتا ئۇنىڭغا بەخت تىلىدى. يۈەن لىنىڭ ئېرىمۇ سىنلىق پاراڭلاشقاندا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «بىز پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر سىزدىن پەخىرلىنىمىز، ۋۇخەندە ئۆزىڭىزنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭ، ئۆزىڭىزنى ئوبدان ئاسراڭ، مەن ۋە بالىمىز سىزنىڭ سالامەت قايتىپ كېلىشىڭىزنى ساقلايمىز!» يۈەن لى كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا يۈكسەك جەڭگىۋارلىق بىلەن مۇنداق دېدى: «بۇ مەيدان جەڭدە، بىز جەزمەن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىمىز! زەپەر قۇچۇپ قايتىشىمىزنى كۈتۈڭلار».

# شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيەسى سىملىق تېلېۋىزىيەسىنىڭ ھەقسىز بولۇش سىياسىتى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە ئۇزارتىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ** خەۋەر قىلىدۇ: چاغان مەزگىلدە پىروگراممىنى ھەقسىز بولۇشتىن ئىبارەت خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى ئاساسىدا، 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن باشلاپ، شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە تورى پاي چەكلىك شىركىتى ھەقسىز بولۇش سىياسىتىنى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە ئۇزارتتى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى رادىيو - تېلېۋىزىيە سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونتچىلىرى تۈرلۈك تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرىنى داۋاملىق ھەقسىز كۆرەلەيدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئالاھىدە دىياگنوز قويۇش، رادىيوئاكتىپ نۇر ئارقىلىق دىياگنوز قويۇش قاتارلىق قوشۇمچە بۆلۈملەر تەسىس قىلىنغان.

بۇ قېتىم ئاجرىتىپ تەشكىللەنگەن داۋالاش كۈچلىرى پۈتۈن ئارمىيەنىڭ ئوخشاش بولمىغان داۋالاش ئورۇنلىرىدىن كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە بىرلەشمە ئارقا سەپ كاپالەت قىسمى قارمىقىدىكى دوختۇرخانىلاردىن 950 كىشى ئاجرىتىپ تەشكىللەنگەن بولۇپ، مۇددەتتىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى ھەربىي تېببىي داشۆسى، دېڭىز ئارمىيەسى ھەربىي تېببىي داشۆسى، ھاۋا ئارمىيەسى ھەربىي تېببىي داشۆسىدىكى 450 كىشى بىلەن بىرلىكتە بىر تۇتاش تەشكىللەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئازادلىق ئارمىيە كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى، ھەربىي ئىشلار پەنلەر ئاكادېمىيەسى ھەربىي ئىشلار تېببىي تەتقىقات يۇرتىدىن ئاجرىتىپ تەشكىللەنگەن 15 مۇتەخەسسىستىن بىرلەشمە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى، ئۇلار دوختۇرخانىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە نەق مەيداندا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ تېببىي خادىملارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشى ئىلگىرى شياۋتاڭشەن دوختۇرخانىسىدا سارسقا تاقابىل تۇرۇش ۋەزىپىسى ھەم سېررالېئون، لىبېرىيەدە ئېبولا يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ۋەزىپىسىگە قاتناشقان بولۇپ، يۇقۇملۇق كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش تەجرىبىسى مول ئىكەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

### قەتئىي باش تارتماسلىق كۆپ تەرەپ يۇقۇمغا قارشى ئورتاق جەڭ قىلىش

يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ پەۋقۇلئاددە مەزگىلىدە، ئالاقىدار دۆلەت كارخانىلىرى ئىچكىرى رايونلاردىن مۇداپىئەلىنىش ماددىي ئەشيالىرىنى پائال سېتىۋالدى ھەم قارمىقىدىكى چەت ئەلدىكى كارخانىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، چەت ئەلدىكى مال بىلەن تەمىنلەش يوللىرىنى پائال كېڭەيتىپ، مۇداپىئەلىنىش ماددىي ئەشيالىرى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەر بىلەن ھەل قىلدى.

شىنجاڭ مەبلەغ سېلىش تەرەققىيات (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىچكىرى رايونلاردىن 1 مىليون يۈەنلىك ماسكا قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى زاكاز قىلدى، 1 - تۈركۈمدىكى 35 مىڭ ماسكا 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئەۋەتىلدى؛ شىنجاڭ جۇڭتەي (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى چەت ئەل بازىرىدىن بىر تۈركۈم مۇداپىئە بۇيۇملىرىنى زاكاز قىلدى، ھازىر زاكاز قىلىنغان ماللار كەينى - كەينىدىن كېلىشكە باشلىدى.

شىنجاڭ ئايروپورت (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تەكشۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، پورتقا كىرگەن - چىققان بارلىق يولۇچىلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ تەكشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئايروپورت بىناسىنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرۇش ۋە دېزىنفېكسىيەلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، نۆۋەتچى ئايروپىلانلاردىكى يولۇچىلارنى تولۇق دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى، ئۈسكۈنىلىرىنى توشۇشقا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېشىل يول ئېچىپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە يېتىپ كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

شىنجاڭ لىبېيئېر سودا چەكلىك شىركىتى ئىشقا قايتا كىرىشكەندىن كېيىن، خادىملار قىس بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يېتىشمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى، شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتىگە قاراشلىق تىيانشان توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدىكى 20 تايانچ خادىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا ياردەم بېرىپ، ھەر كۈنى ئۇدا 12 سائەت ئىشلەپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى.

### ئالاھىدە ئىشنى ئالاھىدە بېجىرىش  يېشىل يول ئېچىش

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى بىرلەشمە كوپېراتىپى، شىنجاڭ بانكا پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى يېشىل يولىنى ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ئالاقىدار كەسىپلەرنى ئىلتىماس قىلغان ھامان بېجىرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى ئىشلەتكۈچى ئالدىنغىچە بېرىپ پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالاقىدار كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ نەق پۇل ئېلىش، مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىش، خەير - ساخاۋەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ھېسابات ئېچىش، مەبلەغنى راسچوت قىلىش ھەم تۈرلۈك ئىئانە پۇللىرىنى پىرېۋوت قىلىش، ئاجرىتىپ بېرىش قاتارلىق كەسىپلەرگە قارىتا تېز سۈرئەتلىك ئىنكاس قايتۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىپ، تەرتىپنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئالاھىدە ئىشنى ئالاھىدە بېجىرىپ، مەبلەغنىڭ ۋاقتىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

شىنجاڭ لىبېيئېر سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ ماسكا، مۇداپىئە كىيىمى قاتارلىق يۇقۇمدىن ساقلىنىش بۇيۇملىرىنى جىددىي ئىشلەپچىقىرىشنى قوللاش ئۈچۈن، 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى بىرلەشمە كوپېراتىپى تىيانشان يېزا سودا بانكىسى مەخسۇس كارخانىغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، كارخانىنىڭ تىجارەتتىكى قىيىنچىلىقى ۋە مەبلەغ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۇنىۋېرسال ئىناۋەت بېرىش لايىھەسىنى تەتقىق قىلىپ، دەرھال يېشىل يول ئېچىپ، ھېسابات ئېچىش، نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ۋە ئىناۋەت بېرىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى تېزدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، كارخانىغا 5 مىليون يۈەنلىك ئىناۋەت سوممىسى بەردى ھەم تۇپ ئۆسۈم نىسبىتىنى ئىجرا قىلدى، كرېدىت مەبلىغىنىڭ ۋاقتىدا ھېساباتقا كىرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 24 سائەتتىلا بارلىق كرېدىتنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنى تاماملاپ، ئالدى بىلەن كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى كرېدىت جەھەتتىن قوللىدى.

ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتىكى ئۈلگىلىك رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى ئالاقىدار مۇداپىئە ماددىي ئەشيالىرىنى ئىئانە قىلىش خىزمىتىنى جىددىي ئىشلىمەكتە ھەم ئالاقىدار مەسئۇل تارماقلارنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرماقتا.